

رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (2)

# ئۆكۈز بىلەن پاقا

تەييارلىغۇچى: ماھىنۇر ئۇيغۇر

UYGUR.COM



ئوتلاپ يۈرگەن بر ئۆكۈز سۇ ئچش
ئۈچۈن كۆل بويغا كېلپتۇ.



ئۇنى كۆرگەن پاقىلار ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ.
ھەممىسى ئۆكۈزنىڭ يوغانلىقىغا ھەيران بولۇشۇپتۇ.



شۇ يەردە تۇرغان باشقا بىر پاقا:

ـ ھوي، نېمىسگە ھەيران بولىدىغانسىلەر ئۇنىڭ! يوغىناش شۇنچە قىيىن نەرسىمكەن؟



مانا، ماڭا قاراپ تۇرۇڭلار. مەن ھازىر ئۆكۈزدىنمۇ
يوغان بولۇپ كېتىمەن، ـ دەپتۇ.



ئۇ، ئىچىگە ھاۋانى تارتىپ كۆپۈشكە باشلاپتۇ، ھەم
يولداشلىرىدىن: ئۆكۈدەك بولدۇم مۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

يولداشلىرى كۈلۈشۈپتۇ.





پاقىنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپتۇ. ئۇ ئۆكۈزدەك بولىمەن دەپ كۆچىنىپ، ئىچىگە ھاۋانى تارتىۋېرىپ چىڭقىلىپ كېتىپتۇ.

ئاخری ئۇنڭ كۆچسز، نېپز قوساق تېرسی
«پوڠگده» یېرلپتۇ ـ ده، ئۆلۆپتۇ.



«ئۆزۉمنى بلمەي شلتلڭ ئېتپتمەن، پالاسقا يۆگنپ هەپتە
يېتپتمەن» دگەن ماقال تەمسل شۇنڭدن قالغان ئكەن.



بۇ بىر يۇرۇش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك بالىلار ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئوماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com